# ئۇلۇغ بۇرۇلۇش

1978 - يىلى جۇمھۇرىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر يىل، شۇ يىلى ئېچىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەت تارىخىدىكى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شۇ يىلى، پۈتۈن مەملىكەتتە ھەقىقەت ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدا چوڭ مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى. بۇ مەيدان مۇزاكىرە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىخىي بۇرۇلۇشقا ئىدىيەۋى شارائىت ھازىرلىدى.

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە 36 كۈن ئېچىلغان مەركەز خىزمەت يىغىنىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرۈلدى. 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، دېڭ شياۋپىڭ مەركەز خىزمەت يىغىنىنىڭ يېپىلىش يىغىنىدا «ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قارايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئەگەر ھەممىدە كىتابىزلىق قىلسا، ئىدىيەدە قاتماللىشىپ، خۇراپاتلىق ئەۋج ئالسا، ئۇنداقتا ئۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى كۈچىمۇ توختاپ قالىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ. ئۇ يەنە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىلنى يورۇتۇپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەمدى ئىسلاھ قىلمىساق، بىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىز ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىز نابۇت بولىدۇ». بۇ سۆز يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئەمەلىيەتتە ئارقىدىنلا ئېچىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باش تېما دوكلاتى بولۇپ قالدى.

1978 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش، ئىقتىسادىي خىزمەت، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، خەلق دېموكراتىيەسىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەر مەركەزلىك مۇزاكىرە قىلىندى ھەم ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تارىختىن قېپقالغان بىر تۈركۈم مۇھىم، زور مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى كۈچەيتىلدى ۋە تولۇقلاندى، چېن يۈن 1 - شۇجىلىقىدىكى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلىنىپ قۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەت تارىخىدىكى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاخىر ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئۇزۇن سەپىرىنى باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاساسلىق ۋەزىپە قىلىنغان تارىخىي يېڭى مەزگىلگە كىردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغانلىق

شىنخۇا خەلقئارا مۇلاھىزىسى

**□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لىيۇ بىلىك**

يېقىندا ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى يەنە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، 28 جۇڭگو ئەمەلىي گەۋدىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى باشقۇرۇش ئەمەلىي تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ جازالاشنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلىپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، خەۋپسىزلىككە ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭغا چېتىشلىق مەسىلىلەردە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەر قانداق دۆلەت ۋە تاشقى كۈچنىڭ بۇرمىلىشى، تۆھمەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ھەممىگە ئايان، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىيزم پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ كۆچىيىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئېغىر، زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىسىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، ئاسايىشلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ھەم دىنىي ئەسەبىيزمدىن يۇقۇملانغان، يېنىك دەرىجىدە قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ئەڭ زور دەرىجىدە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىندى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇققا زەربە بېرىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى بىر قاتار تەدبىرلىرى ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنداق قىلىش جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنىڭ روھىغا تامامەن ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

2017 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۈچ يىلغىچە تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىناق بولدى، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا ئائىت بىر قاتار تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن بۇيان، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق دىپلوماتلىرى ھەمدە نۇرغۇن دۆلەتنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ مىڭغا يېقىن كىشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 نەچچە تۈركۈم قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى. ئۇلار: بۈگۈنكى شىنجاڭ ئىناق، مۇقىم بولۇپ، بىر قاتار تەدبىرلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، تەجرىبە توپلىدى، ئىنتايىن ئۆرنەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە، دېگەن ئورتاق تونۇشتا بولدى.

بىراق، ئامېرىكا تەرەپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە «رەڭلىك كۆزەينەك» بىلەن قارىدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھەقىقىي مەقستى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئۈچۈن قەستەن باھانە ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلەش»تىن ئىبارەت رەزىل نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى ئىش تېرىمايدۇ، بىراق ئىشتىنمۇ قورقمايدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ يولسىز بېسىمى ۋە بىر تەرەپلىمە جازانى يولغا قويۇشقا قارىتا، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى ھەمدە جەمئىيەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئىقتىدارى بار، جاسارىتى بار.

ۋەتىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئوخشاش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق يېقىندىلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، شادلىق ناخشىلىرى، كۈلكە - چاقچاق ساداسى قۇلاق تۈۋىمىزدە ھېلىھەم جاراڭلاپ تۇرماقتا. بۇ يىل دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 180 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچى شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىپ، گۈزەل مەنزىرىلەردىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى، شىنجاڭدىكى بەختىيار، تىنچ تۇرمۇشتىن ھەمبەھرىلەندى. ھەر مىللەت خەلق تەستە قولغا كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تىنچ، ئىناق جەمئىيەت ۋەزىيىتىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، ھەر قانداق كۈچنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا ۋە تەرغىب قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ۋۇ يۇڭجى: خەلقنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەش

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى.** (مۇخبىر لياۋ جۈن) مەدەنىيەت تېمىدا، ۋۇ يۇڭجىنىڭ ھېكايىسى تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇننى مەڭگۈ ئىگىلەپ تۇرىدۇ. 35 يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىمقى چىڭمىڭ مەزگىلدە، ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ دۇڭشىخۇ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى دولوكوۋ ئامانلىق تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى خەلق ساقچىلىرى ۋۇخەن شەھىرى جيۇفېڭشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقان سەپدىشى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ نام بەرگەن ۋۇ يۇڭجىغا خۇش خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

«35 يىلدىن بۇيان، بۇ تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ نەپەر 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار بارلىققا كەلدى، 30 يولداش ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى ۋە تەقدىرلەندى.» پونكىت باشلىقى لى جى مۇنداق دېدى: «لېكىن ۋۇ يۇڭجىغا سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ تۆھپىمىز ھەقىقەتەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، بىزنىڭ قوشقان تۆھپىمىز يەنىلا ئىنتايىن كىچىك، ئىنتايىن كىچىك».

ۋاقىتنى 1982 - يىلغا قايتۇرساق، ئەينى چاغدا ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دولوكوۋ، گۇەنشەن، دەيشەن، شىلىپۇ، چىڭشەن، جاڭجياۋەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەر رايونىغا كىرىدىغان يول ئېغىزلىرىدا تۇنجى تۈركۈمدىكى تەكشۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلغان، بۇ تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىدىكى بىر مۇھىم مۇداپىئە لىنىيەسىگە ئايلانغان، جازا قۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېقىپ يۈرۈپ دېلو سادىر قىلىدىغان جىنايەتچىلەرنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن توسۇغان. ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىر خىل يېڭى ئىش ئورنى — تەكشۈرۈش پونكىتى خەلق ساقچىلىرىنى كۆپەيتكەن، بىر تۈركۈم غەيرەت - جاسارىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلار شەھەردىكى ئاۋاتلىق، شاۋقۇن - سۈرەندىن ئايرىلىپ، جىمجىت، چەت شەھەر سىرتىغا ئورۇنلاشقانىدى، 20 ياشلىق ۋۇ يۇڭجى دەل ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە، نۆۋەتچىلىك ئۆيىنىڭ تېلېفونى تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى، تېلېفوندا قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن جىددىي ئىدى، «دولوكوۋ تەكشۈرۈش پونكىتى، قوراللىق ئىككى قارا نىيەت دولوكوۋ تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتىدۇ، دەرھال چارە قوللىنىپ توسۇڭلار!» «تاپشۇرۇۋالدىم، دەرھال ئىجرا قىلىمىز!» نۆۋەتچى خەلق ساقچىسى خۇددى شەرتلىك رېفلېكس بولۇپ قالغاندەك بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدى.

شۇ چاغدا پونكىتتىكى سائەت ئىسترېلكىسى دەل كەچ سائەت 10 دىن 10 مىنۇتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇۋاتقان خەلق ساقچىسى دەرھال رەھبەرلىككە دوكلات قىلدى. ياش ۋۇ يۇڭجى دەل نۆۋەتچىلىك ئۆيىدە ئىدى. «پونكىت باشلىقى، مەن ئىش ئورنىغا باراي!» ۋۇ يۇڭجى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

«ئەينى چاغدا ۋۇ يۇڭجى پونكىتتىكى ئەڭ ياش يولداش ئىدى، ئۇ ئالغا ئىنتىلىشچان ياش بولۇپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ناھايىتى تەشەببۇسكار، شۇنداقلا ناھايىتى باتۇر ئىدى» دېدى ئەينى چاغدا تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى بولغان پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم خەلق ساقچىسى سۇڭ ۋېنچى ئەسلەپ.

بۇ، بىر قېتىملىق ئىنتايىن ئالاھىدە ۋەزىپە بولۇپ، ھەرقانداق تەييارلىق قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى، دەل جىددىي ئۇقتۇرۇشنى قوبۇل قىلىۋاتقان پەيتتە، قوراللىق ئىككى قارا نىيەت ئولتۇرغان يۈك ئاپتوموبىلى دولوكوۋ تەكشۈرۈش پونكىتىغا كېلىپ بولغانىدى.

«خەلق ساقچىسى ياخشىمۇ سىز، يولدا ياردەمگە موھتاج ئىككى يولداش ئۇچراپ قالدى، شۇڭا مەن ئاپتوموبىلنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كەلدىم» شوپۇر يىن XX يۈك ئاپتوموبىلنى توختاتقاندىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋۇ يۇڭجى، راۋ شياۋخۇالار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئۇ يۈك ئاپتوموبىلغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانىدى، چىراي ئىپادىسى ئانچە تەبىئىي ئەمەس بولۇپ، كۆزىنى توختىماي قىسىپ، خەلق ساقچىلىرىغا جىددىي ھالدا نېمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ھوشيار ۋۇ يۇڭجى شۇ ھامان شوپۇرنىڭ كۆز ئىپادىسىنى بىلدى، ئۇ شوپۇرنىڭ ئالاھىدە شەكىل بىلەن ئۇلارغا: خەتەرلىك، ئاپتوموبىلدا قوراللىق قارا نىيەتلەر بار، دېمەكچى بولغانلىقىنى تۇساتتىن چۈشەندى.

ۋۇ يۇڭجى سەپدىشى راۋ شياۋخۇا بىلەن يوشۇرۇن كۆز ئىشارىتى قىلىشۋالدى، ئۇلار پۈتۈنلەي ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان بۇ نەق مەيداندا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئويلىمىغان يەردىن، بىر ھېلىگەر قارا نىيەت ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ شوپۇرغا ئەگىشىپ كەلگەندى. بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرىلا، بۇ ئىككى قارا نىيەت ۋۇخەن نەنخۇ ئايرودرومىدىكى مەلۇم ئوق - دورا ئىسكىلاتىدىن قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئوغرىلىغانىدى.

ئۇدا دېلو سادىر قىلىپ غالجىرلىشىپ كەتكەن قارا نىيەت خېي گۇاڭۋېي قورال كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن ياۋۇزلۇق چېقىپ تۇراتتى، ۋۇ يۇڭجى تەبىئىيلا قورالنى چىقىرىپ ئۆزى ۋە سەپداشلىرىنى قوغدىدى. گەپ قىلماي تۇرغان خېي گۇاڭۋېي تۇيۇقسىز ۋۇ يۇڭجىنىڭ كۆكرەك قىسمى، قورساق قىسمىغا ئارقا - ئارقىدىن تۆت پاي ئوق ئاتتى. ئىسسىق قان ساقچى فورمىنى قىزىل رەڭگە بويىدى، يەرگە يىقىلغان ۋۇ يۇڭجى خۇددى ئاغرىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك، ناھايىتى تەستە ئۆرۈلۈپ يانچە يېتىپ، سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىنى كۆتۈرۈپ، نەچچە مېتىر يىراقلىققا قېچىپ بولغان خېي گۇاڭۋېيغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق چىقاردى، زوراۋان نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

دەل شۇ چاغدا، قارا نىيەت ۋۇ شۇۋيۈن قورال كۆتۈرۈپ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، خەلق ساقچىلىرى ۋە ئاممىنىڭ بىخەتەرلىككە بىۋاستە تەھدىت سالدى. قانغا مىلىنىپ ياتقان ۋۇ يۇڭجى يەنە قورالنى جىددىي بۇراپ ۋۇ شۇۋيۈننى ئېتىپ يارىلاندۇردى، خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن سەپداشلىرى ھەم ئاما يارىلانغان ۋۇ شۇۋيۈننى نەق مەيداندا تۇتتى.

كەسكىن ئېتىشىش قىسقىغىنا بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئاخىرلاشتى. پونكىت باشلىقى سۇڭ ۋېنچى دەرھال خەلق ساقچىلىرىنى ئېغىر يارىلانغان ۋۇ يۇڭجىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى، لېكىن يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، ۋۇ يۇڭجى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. 1984 - يىلى 9 - ئايدا، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزاسى ۋە ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىندى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى دولوكوۋ تەكشۈرۈش پونكىتىدا، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغانلار بار، بۇ يەر يەنە ئوغرى - بۇلاڭچىلار ئۆتەلمەيدىغان مۇھىم ئۆتكەل. لى جى مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى پونكىتتىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ناھايىتى پىششىق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ: «ۋۇ يۇڭجى كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ كەتمەيدۇ، بۇ خىل روھ پونكىتتىكى ھەربىرىمىزنى ئىزچىل ئىلھاملاندۇرۇپ كەلمەكتە، خىزمەتنى پۇختا قىلىش دەل بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىمىز، ئۇنى چوڭقۇر خاتىرىلىشىمىز».

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۇيىنى بىر تەرەپ قىلىش، قويۇپ بېرىش ئۆلچىمى ئىلمىي تۈزۈشنى تېزلىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۇيىنى تۈزەشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يېزا - كەنتلەرنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەپ ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك تەدبىر. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۇرۇش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتەك روھىي ھالەت بىلەن ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا - جابدۇقلىرى كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىپ، تېپىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پۈتۈن جەريانلىق، ئومۇميۈزلۈك، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز سورتىنى ياخشىلاش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش» ئورۇنلاشتۇرمىسى چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - جابدۇقلىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پۈتۈن جەريانلىق، ئومۇميۈزلۈك، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پائالىيەت ئىككى بېكەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ تىپتىكى سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدۇ.

مۇخبىر پائالىيەت نەق مەيدانىدا 200دىن ئارتۇق كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىنغانلىقىنى كۆردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە ئورنىدىن 50ى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتى، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق ساھەلەردىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشى ئۈچۈن تەمىنلەنگەن. باشئەگىم شەھىرىدىن كەلگەن شىشىنچېن ئۈزۈمچىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى چېن جيەنجۈن ئىچكىرىدىن كەلگەن مېھمان سودىگەرلەرگە ئۈزۈملىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى. بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپى بۇ يىل قۇرۇلغان بولۇپ، 300 مودىن كۆپرەك ئۈزۈملۈكى بار، يىللىق مېۋە ھوسۇلى 300 توننىدىن ئاشىدۇ. «بىز ئىچكىرىدىكى چوڭ تىپتىكى سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىم ئالاقە ئورنىتىپ، مېۋىلەرنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى چېن جيەنجۈن.

جياڭسۇ ياڭجوۋدىن كەلگەن سېتىۋېلىش سودىگىرى يۈەن لىبى ھەربىر كۆرگەزمە ئورنىدا مەھسۇلاتنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. يۈەن لىبى ياڭجوۋدا چوڭ تىپتىكى سودا سارىيى - تاللا بازىرى ھەمدە مېھمانسارايى تىجارىتى قىلىدىغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى بىر قەدەر زور ئىدى. «بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە سېتىۋېلىشىم، مېھمانسارىيىمىزنىڭ يىللىق قوي گۆشى ئېھتىياجىلا 20 تونىغا يېقىنلىشىدۇ، بۇ قېتىم شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلات كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى يۈەن لىبى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شى جۈنجې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش پائالىيىتىنى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئوبوروت كارخانىلىرىنى نامرات رايونلارغا بېرىپ ئۇدۇللىشىپ سېتىۋېلىشقا تەشكىللەش ئارقىلىق، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل ھەمكارلىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۇزاققىچە مەنپەئەتتىن ھەمبەھرلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا كۈچ قوشۇلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)